## 20889 ـ مۇھەررەمنىڭ 10-كۈنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئوخشاش مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئائىلىدىكىلەرنىڭ يىغىلىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھۆكمى

### سۇئال

سوئال: ھېيت-بايراملاردا، مۇھەررەمنىڭ 10-كۈنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئوخشاش مۇناسىۋەتلەردە ئائىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار ـ قېرىنداشلار ۋە تاغا، ھاممىلارنىڭ باللىرى- بىرگە جۇغلىشىپ يېمەك-ئىچمەك يېگەچ ئولتۇرۇشساق بولامدۇ؟ بۇنداق قىلىشنىڭ ھۆكمى قانداق؟ قۇرئان ياد قىلغانلارنى مۇبارەكلەپ يىغىلساق بولامدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھغا خاستۇر.
قېرىنداشلار، تاغا-ھاممىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار روزا ھېيت-قۇربان ھېيتقا ئوخشاش شەرئەتتە يولغا قويۇلغان بايراملاردا بىر جايغا توپلىشىپ بىر-بىرىنى زىيارەت قىلىشسا گەرچە يېقىن تۇغقان بولىسىمۇ ئەر- ئاياللار ئايرىم-ئايرىم ئورۇنلاردا ئولتۇرۇپ، كىتاب-سۈننەتكە زىت بولغان ئىشلارنى قىلماي، قىز-خانىملار مەھرەم بولالمايدىغان ئەر تۇغقانلار بىلەن يالغۇز قالماي، قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەي ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك پىتنىلەرگە سەۋەپ بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلانسا، بۇ ئۇچۇرۇشۇش بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىق مېھرى-مۇھەببەتلىرى كۈچىيىدۇ، خۇرسەنلىكى زىيادە بولىدۇ، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى ياخشى بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇرۇق-تۇغقان دەپ، ئەر- ئاياللار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە سەل قاراشتىن ئاگاھلاندۇرغان. بىر ھەدىستە: (تۇغقان بولسىمۇ توي قىلسا بولىدىغان) يالغۇز ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرىشتىن ساقلىنىڭلار دېگەندە، ئەنسارىلاردىن بىرى: يا رەسۇلۇللاھ! ئەرنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىمۇ كىرسە بولامدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ئەڭ خەتەرلىك دەيدۇ.
لەيس ئىبنى سەئدى بۇ سۆزنى چۈشەندۈرۈپ: يالغۇز ئايالنىڭ يېنىغا ئېرىنىڭ بىر تۇغقانلىرى ياكى ئېرىنىڭ تاغا تەرەپ تۇغقانلىرى قاتارلىقلارنىڭ كىرىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى مەقسەت قىلىنىدۇ دېگەن.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى دەپ ياكى مۇھەررەمنىڭ 10-كۈنى دەپ بىر جايغا توپلىشىپ ئولتۇرۇش ۋە بايرام قىلىش توغرا ئەمەس، ئىسلامدا پەقەت روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلاردا بايرام قىلىش يولغا قويۇلغان.
قۇرئاننى يادلاپ تاماملىغان كىشىنى تەبرىكلەپ يىغىلىپ خۇرسەنلىك ئىزھار قىلىش دېگەن ئىسلامدا چەكلەنگەن بايرام كۈنلىرىدىن ئەمەس، لېكىن ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە بايرام قىلىپ توپلىشىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك قۇرئاننى ياد قىلغۇچى كىچىك باللاردىن بولسا ئۇ باللىنى روھلاندۇرۇپ قۇرئاننى ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە دائىم ئوقۇپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش

كېرەك.